# زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتى ۋە تۈرلىرى

[ئۇيغۇرچە]

الظلم وصوره
**[باللغة الأويغورية]**

خاتىب: ھۇسەيىن ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئال شەيخ
الخطيب: حسين بن عبدالعزيز آل الشيخ

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز
المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى
المراجعة: ن. تمكيني

رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى
المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

**1429 – 2008**

islamhouse.com

# زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

1429/6/16هـ 2008ـ يىلى 6ـ ئاينىڭ 20ـ كۈندىكى جۇمە خۇتبىسى

ناھايىتى ئۇلۇغ مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

## بىرىنچى خۇتبە

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ياخشى كىشىلەرنىڭ ھىمايىچىسى بولغان ئاللاھقا مەنسۇپتۇر، ھەددىدىن ئاشقۇچى زالىملار ئەڭ ئەشەددى دۈشمەنلەردۇر، ئىلگىركى ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئىلاھى بولغان ئاللاھنى يەككە ـ يىگانە، ھېچ شېرىكى يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلى بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئي ئاللاھ ئۇزلىرىدىن سىلىنىڭ ئەلچىلىرى ۋە بەندىلىرى، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز موھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ پاك ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىگە، بارلىق ئىسىل خىسلەتلىك ساھابىلىرىگە، قىيامەتكە قەدەر ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ئەگىشىپ ماڭغان كىشىلەرگە رەھمەت ـ مەغپىرەت تەلەپ قىلىمىز.

ئي مۇسۇلمانلار! مەن ئۆزۈمنى ۋە سىلەرنى ئاللاھقا تەقۋا بولۇشقا تەۋسىيە قىلىمەن، تەقۋالىق بولسا غەلبە ـ نىجاتلىقنىڭ، مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇ ياخشى ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسىدۇر .

ئي مۇسۇلمانلار! بارلىق ياخشىلىقنىڭ مەنبىيى ئىلىم بىلەن ئادىللىقتىن، بارلىق يامانلىقنىڭ مەنبىيى زۇلۇم بىلەن جاھالەت ـ بىلىمسىزلىكتىن ئىبارەت بولۇپ ئاللاھ تائالانىڭ غەزىۋىنى قوزغايدىغان ۋە ئاچچىغىنى كەلتۈرىدىغان بىردىن ـ بىر ئىش كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ھەددىدىن ئېشىشى ۋە زۇلۇم قىلىشلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ» زالىملار دېگەن:نىجاتلىقتىن مەھرۇم بولغان، بەخت ـ سائادەتتىن يىراقلاشقان كىشىلەردىن ئىبارەت بولۇپ بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن زالىملار مۇۋەپپىقىيەت قازىنالمايدۇ».

ئي ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ چوڭ جىنايەت ۋە ئېغىر گۇناھ . ئىمام مۇسلىمنىڭ كىتاۋىدا ئەبى زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن يەتكۈزگەن ھەدىس قۇدسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:« ئي بەندىلىرىم مەن ئۆزۈمنى زۇلۇمدىن چەكلىدىم سىلەرنىمۇ ئۆز ـ ئارا بىر-بىرىڭلارغا زۇلۇم قىلىشىڭلاردىن چەكلىدىم، بىر ـ بىرىڭلارغا زۇلۇم قىلىشماڭلار».

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى ئوز ـ ئارا زۇلۇم قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:« زۇلۇم قىلىشتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن زۇلۇم قىيامەت كۈنىسى ئەقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز پاجىئەنى كەلتۈرىدۇ».

ئي مۇسۇلمانلار! زالىمنىڭ زۇلمى ھەرقانچە چېكىدىن ئېشىپ كەتسىمۇ ياكى ئۇزۇن داۋام قىلسىمۇ ئاللاھ تائالا زالىملارنى دائىم كۈزىتىپ

تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « الله ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىغا مۆھلەت بېرىدىۇ، ۋاختى كەلگەندە بىر تۇتىدۇ ـ دە، ئۇ ھەرگىز قۇتۇلالمايدۇ». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، الله نىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر».( دېگەن (سۇرە ھۇد 102ـ ئايەتنى) ئوقىدى.

ئي باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشنى مەخسەت قىلغۇچى ئىنسان! سەن زۇلۇم قىلىنغۇچى كىشىنىڭ كۈچلۈك قورالىنىڭ بارلىقىنى، ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويغىن، ئاللاھنىڭ سەندىن ھازىر ياكى كېيىنلىكتە ئىنتىقام ئېلىشىدىن ھەزەر ئەيلىگىن.

دانىشمەن كىشىلەردىن بىرى مۇنداق دىگەن: سەن كۈچلۈك ـ قۇدرەتلىك بولساڭمۇ باشقىلارغا زۇلۇم قىلمىغىن، باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ساڭا پۇشايمان ـ نادامەت ئېلىپ كىلىدۇ، سەن بىخۇتلۇقتا يۈرگەن بىلەن زۇلۇم قىلىنغۇچى دائىم ئاگاھ يۈرىدۇ، سەندىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ئاللاھتىن ياردەم سورايدۇ، ئاللاھ ئەلبەتتە ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئۇنۇتۇپ كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغان ئي ئىنسان! بىلگىنكى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ دۇئاسى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىجابەت قىلىنىدىغان تەڭداشسىز قورال. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە:« زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىدىن قورققىن، ھەقىقەتەن زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى بىلەن الله ئوتتۇرىسىدا (دۇئانىڭ ئىجابەت بولىشىدا) پەردە يوق» دىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن ئىجابەت قىلىنىدىغان دۇئالار توغرىسىدا رىۋايەت قىلىنغان سەھىھ ھەدىستە: «زۇلۇم قىلىنغۇچىنىڭ دۇئاسىدىن ساقلانغىن دېيىلگەن». ئاللاھ تائالا زۇلۇم قىلىنغۇچىنىڭ دۇئاسىنى بۇلۇتلار ئۈستىدىن كوتۇرۇپ ئاسماننىڭ ئىشىكىنى ئىچىۋېتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزۈمنىڭ بۈيۈكلىكىم بىلەن قەسەمكى مەن ساڭا زالىمنىڭ ئۈستىدىن ئىنتىقام ئېلىشىڭ ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بولسىمۇ ياردەم بېرىمەن».

تارىختىكى بىرقىسىم ۋەقەلىكمۇ بىزلەرگە زالىملارنىڭ ئاقىۋېتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كىيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىپ، ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلىغۇچىلارغا ھەقىقەتنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

بىر ئايال سەئىيد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنىڭ زىمىنىمنى تارتىۋالدى دەپ شەھەر باشلىقى مەرۋان ئىبنى ھەكەمنىڭ يېنىغا ئەرز قىلىپ كەلدى. ئەسلىدە بۇ يالغان دەۋا ئىدى. سەئىيد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ دەۋانىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ ئۆزىنىڭ بۇ تۆھمەتتىن پاك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دىدى: ئي ئاللاھ بۇ ئايالنىڭ دەۋاسى يالغان بولسا بۇ ئايالنىڭ كوزىنى كورمەس قىلغىن ۋە مۇشۇ زىمىنىدا جىنىنى ئالغىن، ئۇ ئايال ئومرىنىڭ ئاخىردا كوزى تۇتۇلۇپ ئۆزىنىڭ يالغاندىن داۋا قىلغان زىمىنىدا بىر ئازگالغا چۈشۈپ ئولدى.

تارىخچىلار مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلىدۇ: خالىد ئىبنى بەرمەك ئوغلى بىلەن تۈرمىدا يۈت ـ قوللىرى باغلاغلىق ياتقاندا بالىسى مۇنداق دىدى: ئي دادا! بىز بۈرۈن شان ـ شەرەپ، ئىززەت ۋە يۈقىرى مەرتىۋە بىلەن، ھەممە كىشى سوزىمىزنى ئاڭلايدىغان ھالەتتە ياشىغان ئىدۇق، بۈگۈنكى

كۆنده قولىمىز باغلىنىپ تۇرمىدە ياتىمىزغۇ؟!. خالىد ئىبنى بەرمەك ئوغلىغا مۇنداق دىدى: ئي ئوغلۇم كىچىلەردە بىز غاپىل ياتقان بىلەن ئاللاھ تائالا بىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزدىن غاپىل ئەمەس، زۇلۇم قىلىنغۇچىلارنىڭ كىچىلەردە قىلغان دۇئاسى بىزگە يەتتى.

ئىمام زەھەبي مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلىدۇ: بىر ئەسكەر بىلىقچىغا زۇلۇم قىلىپ ئۇرۇپ بىردانە يوغان بىلىقنى تارتىۋالىدۇ، بۇ ئەسكەر بىلىقنى كۆتۈرۈپ يولدا كىتىۋاتقاندا تۇيۇقسىزلام ئۇ بىلىق بۇ ئەسكەرنىڭ باش بارمىغىنى چىشلەپ ئۈزىۋالىدۇ، بۇنىڭ تەسىرىدىن بىر مەزگىلدىن كىيىن قولى كىسىلىدۇ، بۇ ئەسكەر ئوزىنىڭ بىلىقچىغا قىلغان زۇلۇمىنى ئەسلەپ بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن بىلىقچىنىڭ يىنىغا كىلىپ :مەن ساڭا زۇلۇم قىلغاندا مىنىڭ زۇلمۇمدىن ئاللاھغا شىكايەت قىلىپ دۇئا قىلغانمۇ؟ دەپ سورايدۇ، بىلىقچى مۇنداق دەيدۇ: ھەئە، سەن ماڭا زۇلۇم قىلغان، مەن ئاللاھقا: ئي ئاللاھ بۇ ئوزىنىڭ كۈچىغا تايىنىپ مىنىڭ ئاجىزلىغىمدىن ماڭا زۇلۇم قىلدى. ئي ئاللاھ!بۇنىڭغا ئۆزۈڭنىڭ تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرىتىڭنى كورسەتكىن دىدىم. بىز يۇقىردا ئاڭلاپ ئوتكەندەك ئاللاھ ئوزىنىڭ قۇدرىتىنى كورسەتتى.

مۇسۇلمان قىرىنداشلار! قانداق بىر جەمئىيەتتە زۇلۇم ئومۇملىشىدىكەن، كىشىلەر مىهرى ـ شەپقەت، ئادالەتتىن يىراقلىشىدىكەن، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك ئىتىدىكەن، بۇ ۋاقىتتا ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازاۋى چۈشۈپ ئۇلارنى تەل ـ توكۈس يوقۇتىدۇ، يۇقۇردا ئالىملار سوزلەپ ئوتكەندەك ئىبنى تەيمىيە (ئاللاھ ئۇكىشىگە رەھمەت

قىلىسۇن) مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانلار ئارىسىدا زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىك، ئادىللىقنىڭ ئاقىۋىتى مەدھىيەلىك .

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: زالىملارنىڭ ئاقىۋىتى يوقۇلۇشتۇر. بارلىق ماختاشلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا مەنسۇپتۇر.

ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەرنى ھالاكەتكە يۈزلەندۇرگەن ئىش: ئۇلار ھەقنى ئوز ئىگىسىگە قايتۇرۇشتىن باشقىلارنى چەكلىگەن، كىشىلەرنىڭ زۇلۇم قىلىنىشىغا يول قويغان.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىش، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ياكى مال ـ مۈلكىگە، ياكى ئۇلارنىڭ ھەققىنى تولۇق بەرمەسلىك، ياكى ئۇلارغا زۇلۇم قىلىپ ھۆكۈمدە ئادىللىق قىلماسلىق قاتارلىق ئىشلار كىمدىن سادىر بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

يەنە يېتىمنىڭ مىلىنى ئىلىۋىلىپ ئۇلارنىڭ ھەققىنى بەرمەسلىكمۇ زۇلۇمدىن ئىبارەت بولۇپ بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دىگەن:« زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال-مۈلكىنى(ناھەق)يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان)ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا(يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ».

يەنە كىشىلەردىن قەرز ئىلىپ قەرزگە تىنىۋىلىش ياكى پۇلى بار تۇرۇپ قەرزنى كىچىكتۇرۇپ ۋاختىدا بەرمەسلىك ياكى قەرز ئىلىپ كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇزۇپ ـ چىچىشمۇ زۇلۇمنىڭ جۈملىسىدىن ھىساپلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «پۇلى بار

كىشىنىڭ باشقىلارنىڭ ھەققىنى كىچىكتۈرىشى زۇلۇمدۇر، قەرزنى قايتۇرۇشقا قۇدرىتى بار تۇرۇپ قەرزنى ۋاختىدا قايتۇرمىغان كىشىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈپ جازالاش ھەقلىق».

يەنە ئاياللارنىڭ تويلۇق، مېھرى ھەققى ياكى كۆندىلىك تۇرمۇشتىكى خىراجەتلەرنى تولۇق بەرمەسلىك ۋە مىلىنى يوشۇرۇۋېلىش، ئاياللىرىنىڭ بىرىگە بەك مايىل بولۇپ يەنە بىرىنىڭ تىگىشلىك ھەققىنى تولۇق بەرمەسلىكمۇ زۇلۇمنىڭ بىرتۈرى. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «كىمكى ئۆزىنىڭ ئىككى ئايالى بولۇپ بىرىگە بەكراق مايىل بولۇپ كەتسە قىيامەت كۈنى ئۇ كىشى بىر تەرىپى قىسايغان ھالەتتە تىرىلدۈرىلىدۇ، (ئىبنى ھەجەربۇ ھەدىسنىڭ ئىسنادىنى سەھىھ دىگەن)

ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى تولۇق بەرمەسلىكمۇ زۇلۇمنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «مەن قىيامەت كۈنى ئۈچ خىل كىشىلەرنىڭ دەۋاسىنى قىلغۇچى دەپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر ئادەم ئىشلەمچىلەرنى ئىشلىتىپ ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى بەرمىگەن بولسا مەن شۇ كىشىنىڭ دەۋاسىنى قىلغۇچى». بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

باشقىلارنىڭ يەر ـ زىمىن ۋە ئۆي ـ جايلىرىغا تاجاۋۇز قىلىش، ئىگىسى يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشمۇ زۇلۇمدىن بولۇپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «كىمكى بىر غېرىچ زېمىننى زۇلۇم بىلەن ئىلىۋالىدىكەن، ئاخىرەتتە ئۇ بىر غېرىچ يەر ، يەتتە قات زېمىننىڭ تىگىگىچىلىك يەتكۈزۈلۈپ ئۇ ئادەمنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ».

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى بىر ئادەمنىڭ زېمىنىنى زۇلۇم قىلىپ ئېلىۋالىدىكەن قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇ ئادەمگە غەزەپلەنگەن ھالەتتە ئۇچرايدۇ».

سىلەر ئادىل خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ ۋالىيلىرىنىڭ بىرىگە يازغان خېتىدىكى بۇ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار: زۇلۇم قىلىنغۇچىنىڭ دۇئاسىدىن ئېھتىيات قىلغىن، چۈنكى ئۇ كىشىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنغۇچىدۇر.

پېقىر - مىسكىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى قىيىنلاشتۇرۇش، مەنپەئەتكە زىيان يەتكۈزۈش، ئۇلارغا كېلىدىغان مەئىشەتنى قەستەن ئۇلارغا ياكى مال - مۈلكىگە زىيان سېلىش ئۈچۈن كېچىكتۈرۈشمۇ زۇلۇم ھېساپلىنىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى الله ! بىرەر كىشى ئۈممىتىمنىڭ ئىشىغا ئىگە بولۇپ ئۇلارغا مۇشەققەتچىلىك تۇغدۇرسا سەنمۇ ئۇنىڭغا مۇشەققەتچىلىك تۇغدۇرغايسەن. كىمكى مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ بىرەر ئىشىغا ئىگە بولۇپ ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلغان بولسا سەنمۇ ئۇنىڭغا مېھرىبان بولغايسەن. مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

دوستلۇق ياكى تۇققانچىلىق مۇناسىۋەت ياكى مەلۇم مەنپەئەتنى دەپ لاياقىتى بولمىغان كىشىلەرنى خىزمەتتە لاياقەتلىك كىشىلەردىن يۇقۇرى ئورۇنلارغا قويۇشمۇ زۇلۇمدۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئون ئادەمگە باشلىق بولغان ئادەم بولسا قىيامەت كۈنى پۇت - قوللىرى باغلانغان ھالەتتە كەلتۈرلىدۇ، ئەگەر ئادىللىق بىلەن ئىش قىلغان بولسا باغلاقتىن

قوتىلىدۇ، زۇلۇم قىلغان بولسا جەھەننەمدە جازاغا ئۇچرايدۇ». ئەھمەد رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

بىرقىسىم مۇسۇلمانلاردىكى مىراس ۋە ۋەسىيەت ئىشلىرىدا ئادىللىق قىلماسلىق، مىراسخورلارنىڭ بەزىنى بەزىسىدىن پەرىقلەندۇرۇپ باشقىلارغا زىيان سىلىش قاتارلىق ئىشلارمۇ زۇلۇمدۇر.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «بىر ئادەم يەتمىش يىل ياخشى ئىش قىلىپ ئاخىرقى ھاياتىدا مىراس توغىرسىدا قىلغان ۋەسىيىتىدە خاتالىشىپ ھاياتى خاتالىق بىلەن ئاخىرلىشىپ دوزاخقا كىرىدۇ، يەنە بىر ئادەم يەتمىش يىل يامان ناچار ئىشلارنى قىلىپ ئاخىرقى ھاياتىدا مىراس توغىرسىدا قىلغان ۋەسىيىتىدە ئادىللىق قىلغانلىق سەۋەپتىن ھاياتى ياخشىلىق بىلەن ئاخىرلىشىپ جەننەتكە كىرىدۇ». تىرمىزي رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

مۇسۇلمان قىرىنداشلار ئىسىل ئەخلاقنىڭ ئەسلى ئاساسى زۇلۇم قىلغان كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىشتۇر، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى كىشىلەرنى ئەپۇ قىلسا ۋە ئارىسىنى ئىسلاھ قىلسا بۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بىرىدۇ».

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «كىمكى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى مەخسەت قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كىشىنى ئەپۇ قىلىدىكەن ئاللاھ قىيامەت كۈنىدە ئۇ كىشىنىڭ ئىززەت ـ ھورمىتىنى، دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلىدۇ».

مەن ئاللاھتىن مىنىڭ، سىلەرنىڭ ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن، سىلەرمۇ تەلەپ قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ گۇناھلارنى بەك كەچۈرۈم قىلغۇچىدۇر.

## ئىككىنچى خۇتبە

ئاللاھ تائالانىڭ بىزلەرگە ئاتا قىلغان چەكسىز خەيرى - ئېھسان مەرھەمەتلىرىگە ئۇنى چەكسىز ماختايمىز ۋە چەكسىز نېئمەتلىرى ئۈچۈن ھېساپسىز شۈكرى ئېيتىمىز، ئاللاھنى كاتتىلايمىز، ئاللاھنى بىر يەككە - يېگانە دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز. ئاللاھنىڭ ھىدايىتىگە چاقىرغۇچى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز.

ئي ئاللاھ ئوزلىرىدىن سىلىنىڭ ئەلچىلىرى ۋە بەندىلىرى، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز موھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ پاك ئائىلە - تاۋاباتلىرىگە، بارلىق ئىسىل خىسلەتلىك ساھابىلىرىگە، قىيامەتكە قەدەر ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ئەگىشىپ ماڭغان كىشىلەرگە رەھمەت - مەغپىرەت تەلەپ قىلىمىز.

ئۆزۈمنى ۋە سىلەرنى ئاللاھقا تەقۋا بولۇشقا تەۋسىيە قىلىمەن، چۈنكى تەقۋالىق دىگەن ئاللاھ تائالانىڭ ئىلگىركى ۋە كېيىنكى ئۈممەتلەرگە قىلغان تەۋسىيەسى.

ئي مۇسۇلمانلار ! ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەت پىرىنسىپىدا قېرىنداشلارنىڭ ھەق - ھوقۇقى توغۇرسىدا، زۇلۇم قىلىنغۇچىلارغا ياردەم بىرىش، زۇلۇم قىلغۇچىغا نەسىھەت قىلىپ، تەربىيە بىرىپ باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشتىن چەكلەش بايان قىلىنغان.پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «قېرىندىشىڭلار زۇلۇم قىلىنغۇچى ياكى زۇلۇم قىلغۇچى بولسۇن ئۇلارغا ياردەم بىرىڭلار، ساھابىلاردىن بىرى: ئي ئاللاھنىڭ

پەيغەمبىرى! زۇلۇم قىلىنغۇچىغا ياردەم بېرىمىز، زۇلۇم قىلغۇچىغا قانداق ياردەم بېرىمىز؟! دەپ سورىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىدى: زالىمنى زۇلۇم قىلىشتىن توسۇڭلار، بۇ ئۇنىڭغا قىلىنغان ياردەم بولىدۇ».

مۇسۇلمان قېرىنداشىم! باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭ، ئاللاھقا ئۈچرىشىشتىن ئىلگىرى كىشىلەرگە قىلغان زۇلۇمدىن پاكلىنىڭ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دىگەن: «كىمكى ئۆز قېرىنداشلىرىغا مال - مۈلكى، يۈز - ئابرۇيى ياكى باشقا تەرەپلەردىن زۇلۇم قىلغان بولسا، ئالتۇن - كۈمۈشلەر مەنپەئەت قىلمايدىغان قىيامەت كۈندىن ئىلگىرى بۇ زۇلۇمدىن خالاس بولسۇن، قىيامەت كۈنىدە زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ياخشىلىقلىرى بولسا زۇلۇم قىلىنغۇچىغا بېرىلىدۇ، ئەگەر ياخشىلىقى بولمىسا زۇلۇم قىلىنغۇچىنىڭ خاتالىق ۋە گۇناھلىرى زۇلۇم قىلغۇچىغا يۈكلىنىدۇ».

ئاللاھ تائالا بىزنى ئالاھىدە بىر ئىشقا بۇيرىدى، ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كوپلەپ دۇرۇد ئېيتىش، سالام يوللاشتىن ئىبارەت.

ئې ئاللاھ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا رەھمەت ئامانلىق ۋە بەركەت ئاتا قىلغىن.

ئې ئاللاھ توغرا يول تۇتقۇچى خەلىپىلەر ۋە ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئەبۇبەكرى، ئۇمەر، ئۇسمان ، ئەلى(ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ساھابىلىرى ئۇلارغا ئەگەشكەن بارلىق ياخشى كىشىلەردىن رازى بولغىن!

ئي ئاللاھ! ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئىززەتلىك قىلغىن! كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارنى خارقىلغىن! سىنىڭ ۋە دىنىڭ دۈشمەنلىرىنى تارمار قىلغىن، بىزنىڭ ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلغىن، بارلىق مۇسۇلمانلارنى سەن ياخشى كورىدىغان ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلغىن، ئۇلارنى سىنىڭ كىتابىڭ ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە مۇۋاپىق ئەمەل قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، ئۇلارنى بىر - بىرىنى ياخشى كورىشىدىغان، ياخشى ئىشلاردا ئۇز - ئارا ياردەملىشىدىغان ھەقىقى دىنى قىرىنداشلاردىن قىلغىن، بىزگە رەھبەرلىك قىلىدۇاتقان يول باشچىلىرىمىزنى سەن رازى بولىدىغان ۋە ياخشى كورىدىغان ئىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، ئۇلارغا ياردەم بەرگىن، ئي ئاللاھ! بارلىق مۇسۇلمان رەھبەرلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى دىنغا، ۋەتىنىگە ۋە خەلقىگە مەنپەئەتلىك قىلغىن، ئۇلار بىلەن خەلىق ئارىسىنى ئادىللىق ۋە ھەقىقەتكە جۈغلىغىن.

ئي ئاللاھ! بىزنى زۇلۇمغا ئۇچراشتىن ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىغىن، بىزگە ياكى بىرەر مۇسۇلمانغا يامانلىق قىلىشنى مەخسەت قىلغانلارنىڭ يامانلىغىنى ۋە ھىلە - مىكىرلىرىنى ئوزىگە قايتۇرغىن، ئي ئاللاھ دۇنيانىڭ ھەممى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان قىرىنداشلارنى مۇھاپىزەت قىلغىن، پەلەستىنىدىكى،ئىراقتىكى، ئابغانىستاندىكى ۋە باشقا ئىزىلىۋاتقان،ئىگىسىز قىلىۋاتقان قىرىنداشلىرىمىزنى ئۆزۈڭ مۇھاپىزەت قىلغىن. ئۇلارنىڭ غەم - قايغۇلىرىنى كوتۇرۈۋەتكىن، ئۇلارغا قىيىنچىلىقتىن كىيىن ئاسانلىق بەرگىن، ئۇلارغا ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن مىھرى - شەپقەت قىلغىن، مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئۆزۈڭ تاقابىل تۇرغىن، ئۇلار سىنى ھەرگىزمۇ ئاجىزلاشتۇرالمايدۇ ۋە يىڭەلمەيدۇ.

ئي ئاللاھ! بىزنى رامىزان ئېيىغا ئۇلاشتۇرغىن، ئي ئاللاھ! بىزنى رامىزان ئېيىغا ئۇلاشتۇرغىن، رەجەپ ۋە شەئبان ئايلىرىدا بىزگە بەركەت ئاتا قىلغىن.

ئي ئاللاھ! مۇسۇلمان، مۇئمىن ئەر ـ ئاياللارنى، ئۇلاردىن ھايات قالغان ۋە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى كەچۈرۈم قىلغىن.

ئي مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئاللاھنى كوپ ياد ئېتىڭلار، ئەتىگەن ـ ئاخشاملاردا ئىبادەتنى كۆپ قىلىڭلار، بىز ئاللاھنى ساغلام رەۋىشتە تونۇيدىكەنمىز، ئالۋەتتە ئاللاھنىڭ ياردىمى بىز مۇسۇلمانلارغا بولغۇسى. بىزنىڭ ئاخىرقى تىلىگىمىز بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا مەنسۇپتۇر.